بسم الله الرحمن الرحيم


# ئىسلام ئاۋازى

48- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)


## بۇلاقتىن تامچە

### سۈرە تەۋبىنىڭ تەپسىرى

بۇ سۈرە ئازاب ئايىتى بىلەن باشلانغانلىقى ئۈچۈن، سۈرە بېشىغا «بسم الله» كەلمىگەن چۈنكى «بسم الله»تا الله نىڭ رەھىملىك زات ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، «بسم الله»نى تىلغا ئېلىش ئازاب ئايىتىنىڭ مەنىسىگە خىلاپ بولاتتى. ئىبنى ئابباس رضي الله عنه بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: [مەن ئەلىدىن: «بەرائەت سۈرىسى (يەنى سۈرە تەۋبە) نىمە ئۈچۈن <بسم الله الرحمن الرحيم> بىلەن باشلانمىغان» دەپ سورىسام، ئۇ: «چۈنكى <بسم الله الرحمن الرحيم> دېگەن ئامانلىقتۇر. بەرائەت سۈرىسى بولسا ئامانلىقنىڭ قارشىسى بولغان قىلىچ بىلەن (يەنى <ئۆلتۈرۈڭلار>، <چېپىڭلار> دەپ) نازىل بولغان سۈرىدۇر. مانا مۇشۇ — بۇ سۈرىگە <بسم الله>نى يازماسلىقتىكى بەش خىل سەۋەبنىڭ بىرىدۇر شۇنداقلا ئەڭ كۈچلۈكىدۇر» دەپ جاۋاب بەردى] («أيسر التفاسير»دىن ئېلىندى).

بۇ سۈرە قۇرئان سۈرىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرىدا نازىل بولغان سۈرىلەردىن بولۇپ، بۇ سۈرىدىكى ھۆكۈملەر مۇھكەم ھۆكۈملەردۇر، يەنى مەنسۇخ بولۇش ئېھتىماللىقى يوق بولغان «ئەڭ تۇگەنچە» خاراكتېرلىك ھۆكۈملەردۇر.

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿بَرَاءَةٌ مِنَ اللَّهِ وَرَسُولِهِ إِلَى الَّذِينَ عَاهَدْتُمْ مِنَ الْمُشْرِكِينَ ۞ فَسِيحُوا فِي الْأَرْضِ أَرْبَعَةَ أَشْهُرٍ وَاعْلَمُوا أَنَّكُمْ غَيْرُ مُعْجِزِي اللَّهِ وَأَنَّ اللَّهَ مُخْزِي الْكَافِرِينَ ۞ وَأَذَانٌ مِنَ اللَّهِ وَرَسُولِهِ إِلَى النَّاسِ يَوْمَ الْحَجِّ الْأَكْبَرِ أَنَّ اللَّهَ بَرِيءٌ مِنَ الْمُشْرِكِينَ وَرَسُولُهُ فَإِنْ تُبْتُمْ فَهُوَ خَيْرٌ لَكُمْ وَإِنْ تَوَلَّيْتُمْ فَاعْلَمُوا أَنَّكُمْ غَيْرُ مُعْجِزِي اللَّهِ وَبَشِّرِ الَّذِينَ كَفَرُوا بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ۞ إِلَّا الَّذِينَ عَاهَدْتُمْ مِنَ الْمُشْرِكِينَ ثُمَّ لَمْ يَنْقُصُوكُمْ شَيْئًا وَلَمْ يُظَاهِرُوا عَلَيْكُمْ أَحَدًا فَأَتِمُّوا إِلَيْهِمْ عَهْدَهُمْ إِلَى مُدَّتِهِمْ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُتَّقِينَ ۞﴾.

#### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«(بۇ) الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سىلەر بىلەن مۇئاھىدە تۈزۈشكەن مۇشرىكلارغا قاراتقان ئادا-جۇدا بولۇش (يەنى مۇئاھىدىنى بىكار قىلىش) ئېلانىدۇر [1]. (ئى مۇشرىكلار!) يەر يۈزىدە (خالىغىنىڭلارچە) تۆت ئاي يۈرۈڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەر الله (نىڭ ئازابى)تىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، (بىلىڭلاركى) الله كاپىرلارنى خار قىلغۇچىدۇر [2]. (بۇ) چوڭ ھەج كۈنىدە الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىدىن كىشىلەرگە چىقىرىلغان ئېلاندۇركى، الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇشرىكلاردىن ئادا-جۇدادۇر. ئەگەر (كۇفرىدىن) تەۋبە قىلساڭلار، بۇ سىلەرگە (گۇمراھلىقتا كېتىۋېرىشتىن) ياخشىدۇر، ئەگەر (ئىسلامدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، بىلىڭلاركى، الله (نىڭ ئازابى)تىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر. كاپىرلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن [3]. ئەمما مۇشرىكلار ئىچىدىكى سىلەر بىلەن مۇئاھىدە تۈزگەن، مۇئاھىدىگە ھېچقانداق خىلاپلىق قىلمىغان، سىلەرگە قارشى ھېچقانداق ئادەمگە ياردەم بەرمىگەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار بىلەن تۈزگەن بۇ مۇئاھىدىگە ئۇنىڭ ۋاقتى توشقانغا قەدەر رىئايە قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، الله تەقۋادارلارنى دوست تۇتىدۇ [4]» (سۈرە تەۋبە 1- ئايەتتىن 4- ئايەتكىچە).

#### ئايەتنىڭ تەپسىرى

رەسۇلۇللاھ ﷺ ھىجرەتنىڭ 9- يىلى ھەج مەزگىلىدە ئەلى رضي الله عنه باشچىلىقىدا بىر تۈركۈم ساھابىلەرنى مۇشۇ ئايەتلەر بىلەن يولغا سالغان بولۇپ، ئۇلارنى كىشىلەرگە بۇ ئايەتلەرنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇغان. بۇ ئايەتلەر مۇشرىكلارغا شۇنى جاكارلايدۇكى، مۇددەتسىز ۋە چەكسىز ئەھدىسى بار مۇشرىكلار ياكى تۆت ئايدىن تۆۋەن ۋە ياكى تۆت ئايدىن يۇقىرى ئەھدىسى بار مۇشرىكلار ئەھدىسىنى بۇزغان بولسا، ئۇنداقتا، ئۇلار تۆت ئاي كامىل ئامانلىق ئىچىدە ياشىۋالىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇلار ئەگەر مۇسۇلمان بولسا، بۇ ئۇلار ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن چىقىپ كەتسە، بۇمۇ ئۇلارنىڭ ئىختىيارى. ئەگەر ئۇلار كاپىر ھالىتىدە تۇرۇۋېرىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، ئۇلار تائىف ئەھلىنىڭ ئىسلامغا كىرگەنلىكى ۋە مەككىنىڭ فەتھ قىلىنغانلىقى سەۋەبلىك دارۇل ئىسلامغا ئايلانغان ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ قايسى بىر يېرىدە تېپىلىدىكەن، ئەسىرگە ئېلىنىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ. مانا بۇ — الله تعالى نىڭ: «(بۇ) الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سىلەر بىلەن مۇئاھىدە تۈزۈشكەن مۇشرىكلارغا قاراتقان ئادا-جۇدا بولۇش (يەنى مۇئاھىدىنى بىكار قىلىش) ئېلانىدۇر» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر.

«(ئى مۇشرىكلار!) يەر يۈزىدە (خالىغىنىڭلارچە) تۆت ئاي يۈرۈڭلار». بۇ مۆھلەت قۇربان ھېيت كۈنىدىن ئىبارەت چوڭ ئېلان كۈنىدىن تارتىپ باشلىنىدۇ. الله تعالى نىڭ: «بىلىڭلاركى، سىلەر الله (نىڭ ئازابى)تىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر» دېگىنى — سىلەر الله نىڭ قەھرى ۋە كونتروللۇقىدىن ھەرگىزمۇ چىقىپ كېتەلمەيسىلەر ۋە قاچالمايسىلەر دېگىنىدۇر. بۇ بىرىنچى ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ئىككىنچى ئاگاھلاندۇرۇش بولسا «(بىلىڭلاركى) الله كاپىرلارنى خار قىلغۇچىدۇر»، يەنى الله ئۇلارنى خار ۋە شەرمەندە قىلغۇچىدۇر.

«(بۇ) چوڭ ھەج كۈنىدە الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىدىن كىشىلەرگە چىقىرىلغان ئېلاندۇركى، الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇشرىكلاردىن ئادا-جۇدادۇر. ئەگەر (كۇفرىدىن) تەۋبە قىلساڭلار»، يەنى ئى مۇشرىكلار، سىلەر الله نى يەككىلەشتۈرۈش شۇنداقلا رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق الله قا تەۋبە قىلىپ قايتساڭلار، «بۇ سىلەرگە (گۇمراھلىقتا كېتىۋېرىشتىن) ياخشىدۇر»، يەنى بۇ سىلەرنىڭ كۇفۇر، شېرىك ۋە ئاسىيلىقتا داۋاملاشقىنىڭلاردىن ياخشىدۇر. «ئەگەر (ئىسلامدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار»، يەنى ئىمان ۋە ئىتائەتكە كەينىڭلارنى قىلساڭلار، «بىلىڭلاركى، الله (نىڭ ئازابى)تىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر». يەنى، ھېچبىر ھالەتتە الله نىڭ كونتروللۇقىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر چۈنكى ھېچقانداق كۈچ الله نىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلەلمەيدۇ ۋە ھېچبىر قاچقۇن ئۇ زاتنىڭ ئىلكىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئاندىن الله تعالى ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ﷺ گە مۇنداق دەيدۇ: «كاپىرلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن». يەنى سەن ئۇلارغا شۇنداق خەۋەر بەرگىنكى، ئۇلار قىلمىشىدىن تەۋبە قىلمىسا، بۇ ئازابنىڭ ئۇلارغا چۈشىدىغانلىقىدا ھېچ شەك يوقتۇر. «ئەمما مۇشرىكلار ئىچىدىكى سىلەر بىلەن مۇئاھىدە تۈزگەن، مۇئاھىدىگە ھېچقانداق خىلاپلىق قىلمىغان، سىلەرگە قارشى ھېچقانداق ئادەمگە ياردەم بەرمىگەنلەرگە كەلسەك»، يەنى سىلەرگە قارشى ھېچبىر كىشىگە ئادەم كۈچى، قورال-ياراق، مەسلىھەت ۋە ياكى پىكىر، تەجرىبە ئارقىلىق ياردەم بەرمىگەن مۇشرىكلار بولسا «ئۇلار بىلەن تۈزگەن بۇ مۇئاھىدىگە ئۇنىڭ ۋاقتى توشقانغا قەدەر رىئايە قىلىڭلار»، يەنى، ئۇلار ئۈچۈن مۇئەييەن ۋاقىت بىلەن چەكلەنگەن ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىڭلار. ئەگەر ئۇلارنىڭ مۇددىتى توشسا، بۇ چاغدا ئۇلار ياكى ئىسلامغا كىرىدۇ، ياكى قىلىچقا كېلىدۇ چۈنكى دارۇل ئىسلامغا ئايلانغان ئەرەب يېرىم ئارىلىدا شېرىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا قىلچە ئورۇن يوقتۇر.

#### ئايەتلەردىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئارىسىدا ئۆزئارا مۇئاھىدە (كېلىشىمنامە) تۈزۈشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى لېكىن بۇنىڭ شەرتى شۇكى، بۇ مۇئاھىدە (كېلىشىمنامە) ئارقىلىق مۇسۇلمانلاردىن ئېنىق بىر زىياننى چېكىندۈرۈش ياكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئېنىق بىر پايدىنى ھاسىل قىلىش مەقسەت قىلىنغان بولۇشى كېرەك.

ئىككىنچى، ئەھدىگە خىيانەت قىلىش ۋە ئالدامچىلىق قىلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى. چۈنكى، مۇئاھىدە (كېلىشىمنامە)لەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئاشكارا ئۇقتۇرۇلىدىغان ۋە شۇ مۇئاھىدە (كېلىشىمنامە)لەرنىڭ ئىگىلىرىگە تۆت ئاي مۇددەتنى بەلگىلەپ بېرىدىغان بولغانلىقى — شۇ مۇشرىكلارنىڭ ئۆز ئىشلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۆزلىرىگە ئەڭ پايدىلىق بولغان بىر ئىشنى تاللاش ئەركىنلىكى بارلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەگەر مۇئاھىدە (كېلىشىمنامە) تۈزۈشكەنلەر كېلىشىمنامىنى بۇزمىسىلا، مۇددەتلىك مۇئاھىدە (كېلىشىمنامە)لەرگە مۇددىتى توشقانغا قەدەر ۋاپا قىلىشنىڭ پەرزلىكى.

تۆتىنچى، تەقۋالىق ۋە تەقۋادارلارنىڭ ئالاھىدە پەزىلەتكە ئىگە ئىكەنلىكى. تەقۋالىق دېگىنىمىز — الله قا سۆيۈملۈك بولغان ئىشلارنى قىلىش ۋە الله قا يامان كۆرۈلىدىغان ئىشلارنى تەرك ئېتىش ئارقىلىق الله نىڭ غەزىپىدىن ساقلىنىشتۇر.

بەشىنچى، ئالىملار ئېيتىدۇكى: «مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇئاھىدە (كېلىشىمنامە)نى ئۈزۈش ئىككى ئىشنىڭ بىرى بىلەن بولىدۇ:

1. كېلىشىمنامىدە بەلگىلەنگەن مۇددەت تۈگىگەندە، ئۇلارغا مۇئاھىدە (كېلىشىمنامە) نىڭ تۈگىگەنلىكىنى ۋە ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش؛

2. ئۇلارنىڭ ئەھدىگە خىيانەت قىلغانلىقىنى ئۇقتۇرىدىغان ئالامەتلەر ئاشكارا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كېلىشىمنامىگە خىيانەت قىلىشىدىن ئەنسىرىشىمىز.

ئالتىنچى، دېمەك، ھاجەت ياكى زۆرۈرىيەت بولمىسىلا، كاپىرلار بىلەن مۇئاھىدە تۈزۈشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكى ئەسلىي قائىدىدۇر».

## دىنىي ئەھكاملار

### ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقُلِ الْحَقُّ مِنْ رَبِّكُمْ فَمَنْ شَاءَ فَلْيُؤْمِنْ وَمَنْ شَاءَ فَلْيَكْفُرْ إِنَّا أَعْتَدْنَا لِلظَّالِمِينَ نَارًا أَحَاطَ بِهِمْ سُرَادِقُهَا وَإِنْ يَسْتَغِيثُوا يُغَاثُوا بِمَاءٍ كَالْمُهْلِ يَشْوِي الْوُجُوهَ بِئْسَ الشَّرَابُ وَسَاءَتْ مُرْتَفَقًا﴾ «(ئى مۇھەممەد!): <(بۇ) ھەق (قۇرئان) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نازىل بولىدۇ، خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن> دېگىن. بىز ھەقىقەتەن كاپىرلار ئۈچۈن تۇتۇن پەردىلىرى ئۇلارنى ئورىۋالىدىغان ئوتنى تەييارلىدۇق، ئۇلار (تەشنالىقتىن) سۇ تەلەپ قىلسا، ئۇلارغا مەدەن ئېرىتمىسىگە ئوخشاش، يۈزلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان (ناھايىتى قىزىق) سۇ بېرىلىدۇ، بۇ نېمىدېگەن يامان شاراب! جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!» (سۈرە كەھف 29- ئايەت).

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە شۇنىڭغا شەكسىز ئىمان كەلتۈرىدۇكى، ھېچبىر يامانلىق الله نىڭ زاتىغا، ئىسمىغا، سۈپىتىگە ۋە ئىش-ھەرىكىتىگە مەنسۇپ قىلىنمايدۇ چۈنكى ئۇ زات — كامىل سۈپەت، رەھمەت ۋە ئادالەت ئىگىسىدۇر. ئۇ، بەندىلەرنى ھىدايەت، ئېھسان ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىق، كۇفۇر، ئازغۇنلۇق ۋە ئاسىيلىقتىن توسىدۇ. يامانلىق بولسا پەقەت ئۇ زاتنىڭ كامىل ھېكمىتى ۋە ئۆتكۈر ئىرادىسىنىڭ تەلەپ-تەقەززاسى بويىچىلا بارلىققا كېلىپ، مەخلۇقاتلار ئىچىدىلا يۈز بېرىدۇ. بۇ توغرىسىدا الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَا أَصَابَكَ مِنْ حَسَنَةٍ فَمِنَ اللَّهِ وَمَا أَصَابَكَ مِنْ سَيِّئَةٍ فَمِنْ نَفْسِكَ وَأَرْسَلْنَاكَ لِلنَّاسِ رَسُولًا وَكَفَى بِاللَّهِ شَهِيدًا﴾ «(ئى ئىنسان!) ساڭا يەتكەن ياخشىلىق (مەرھەمەت قىلىش يۈزىسىدىن) الله تەرىپىدىندۇر، ساڭا يەتكەن يامانلىق (قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلىدىن) ئۆزۈڭدىندۇر. (ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز (پۈتۈن) ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، (سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە) شاھىدلىققا الله يېتەرلىكتۇر» (سۈرە نىسا 79- ئايەت).

الله تعالى زالىملىقتىن پاكتۇر ۋە كامىل ئادالەت بىلەن سۈپەتلەنگۈچىدۇر شۇڭا ئۇ ھېچبىر مەخلۇقاتىغا زەررىچىلىك زۇلۇم قىلمايدۇ. ئۇ زاتنىڭ پۈتۈن ئىش-ھەرىكەتلىرى ئادالەت ۋە رەھمەتتۇر. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَا يُبَدَّلُ الْقَوْلُ لَدَيَّ وَمَا أَنَا بِظَلَّامٍ لِلْعَبِيدِ﴾ «<مېنىڭ سۆزۈم ئۆزگەرمەيدۇ، مەن بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەسمەن>» (سۈرە قاف 29- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوْلَا إِذْ دَخَلْتَ جَنَّتَكَ قُلْتَ مَا شَاءَ اللَّهُ لَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللَّهِ إِنْ تَرَنِ أَنَا أَقَلَّ مِنْكَ مَالًا وَوَلَدًا﴾ «سەن بېغىڭغا كىرگەن چېغىڭدا: <الله نىڭ خالىغىنى بولىدۇ، الله نىڭ ياردىمى بولمىسا قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ> دېسەڭچۇ! سېنىڭ قارىشىڭچە، مېنىڭ مېلىم ۋە ئەۋلادىم سېنىڭكىدىن ئاز بولسىمۇ» (سۈرە كەھف 39- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يَظْلِمُ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ وَإِنْ تَكُ حَسَنَةً يُضَاعِفْهَا وَيُؤْتِ مِنْ لَدُنْهُ أَجْرًا عَظِيمًا﴾ «الله ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئەگەر كىشىنىڭ زەررىچە ياخشىلىقى بولسا، الله ئۇنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلىدۇ، ئۆز دەرگاھىدىن بۈيۈك ئەجىر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلىدۇ» (سۈرە نىسا 40- ئايەت).

الله تعالى ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشى توغرىلىق سوئال-سوراق قىلىنمايدۇ چۈنكى ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا يُسْأَلُ عَمَّا يَفْعَلُ وَهُمْ يُسْأَلُونَ﴾ «الله نىڭ قىلغانلىرىدىن سوئال-سوراق قىلىنمايدۇ، ئۇلاردىن سوئال-سوراق قىلىنىدۇ» (سۈرە ئەنبىيا 23- ئايەت).

(ئاخىرى 2- بەتتە)

(بېشى 1- بەتتە)

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە شۇنىڭغا جەزمەن ئىشىنىدۇكى، الله تعالى ئىنساننى ۋە شۇ ئىنساننىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ياراتتى شۇنداقلا شۇ ئىنساندا ئىرادە، قۇدرەت، تاللاش ۋە خالاش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرنىمۇ ياراتتى. الله تعالى نىڭ ئىنسانغا بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەرنى ئاتا قىلىشى — ئىنساندىن سادىر بولغان شۇ ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ الله قا مەنسۇپ ئەمەس بەلكى شۇ ئىنساننىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ بولۇشى ئۈچۈندۇر. ئاندىن كېيىن الله ئىنساندا ئەقىلنى ياراتتى. ئىنسان مۇشۇ ئەقىل ئارقىلىق ياخشى بىلەن ياماننىڭ ئارىسىنى ئايرىيالايدۇ. ئىنسان ئۆز ئىختىيارى بىلەن بولمىغان ھەر قانداق ئىش-ھەرىكەتتىن ھەرگىزمۇ سوئال-سوراق قىلىنمايدۇ چۈنكى ئىنساندا خالاش ۋە ئىختىيارلىق بار شۇڭا ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ئىختىيارى ھالدا تاللايدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ خالىشى الله نىڭ خالىشىغا باغلىقتۇر، الله خالىغان ھەرقانداق نەرسە بار بولىدۇ، ئەگەر الله خالىمىسا ھېچنەرسە بارلىققا كەلمەيدۇ. بەندىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ياراتقۇچى پەقەت الله تعالى دۇر لېكىن بەندىلەرنىڭ ياخشى-يامان ئىش-ھەرىكەتلىرىنى قىلغۇچى شۇ بەندىلەرنىڭ ئۆزلىرىدۇر (يەنى «يارىتىش» ياكى «ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش» بىلەن «قىلىش» ياكى «ئىشلەش» ئارىسىدا پەرق بار. مەسىلەن، بەندە الله بەرگەن ئىختىيارلىقنى ئىشقا سېلىپ بىرەر ئىشنى «قىلىش» ياكى «ئىشلەش»كە تۇتۇش قىلسا، الله شۇ ئىشنى «قىلىش» ياكى «ئىشلەش»كە شۇ بەندىنىڭ ۋۇجۇدىدا قۇدرەتنى «يارىتىش» ياكى «ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش» ۋە شۇ بەندىنى قورشاپ تۇرۇۋاتقان تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەرت-شارائىتنى «يارىتىش» ياكى «ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش»... قاتارلىقلار بارلىققا كەلمىسە، ئۇ بەندە ئۇ ئىشنى ھەرگىزمۇ قىلالمايدۇ ياكى ئىشلىيەلمەيدۇ). الله تعالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لِمَنْ شَاءَ مِنْكُمْ أَنْ يَسْتَقِيمَ ۞ وَمَا تَشَاءُونَ إِلَّا أَنْ يَشَاءَ اللَّهُ رَبُّ الْعَالَمِينَ ۞﴾ «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن (دىن بارىسىدا) راۋۇرۇس بولۇشنى خالايدىغانلارغا (قۇرئان) نەسىھەتتۇر [28]. پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر (يەنى الله خالىمىغۇچە سىلەرنىڭ خالىغىنىڭلارنىڭ ھېچ پايدىسى يوق) [29]» (سۈرە تەكۋىر 28-، 29- ئايەتلەر).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَرَبُّكَ يَخْلُقُ مَا يَشَاءُ وَيَخْتَارُ مَا كَانَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ سُبْحَانَ اللَّهِ وَتَعَالَى عَمَّا يُشْرِكُونَ﴾ «الله (مەخلۇقاتىدىن) خالىغىنىنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمنى (پەيغەمبەرلىككە تاللايدۇ، تاللاش ھوقۇقى ئۇلاردا ئەمەس، الله پاكتۇر، ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن ئۈستۈندۇر» (سۈرە قەسەس 68- ئايەت).

پەيغەمبەر ﷺ: «سىلەرنىڭ ھەر قاندىقىڭلارنىڭ جەننەت ۋە جەھەننەمدىكى ئورنى ئاللىبۇرۇن يېزىلىپ بولغاندۇر» دېگەندە، ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنداقتا بىز ئەمەل قىلماستىن ئالدىنئالا يېزىلىپ بولغان دەپتىرىمىزنى دەستەك قىلساق بولمامدۇ؟» دەپ سورىغاندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئەمەل قىلىۋېرىڭلار چۈنكى سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلار ئۆزى ئۈچۈن ئالدىنئالا يارىتىلغان ئەمەلگە مۇۋەپپەق قىلىنىدۇ. مەسىلەن، بەختلىكلەر (يەنى جەننەتىيلەر) بەختلىكلەرنىڭ ئەمىلىگە مۇيەسسەر قىلىنىدۇ؛ بەختسىزلەر (يەنى دوزىخىيلار) بەختسىزلەرنىڭ ئەمىلىگە مۇۋەپپەق قىلىنىدۇ» دەپ ئاندىن ﴿فَأَمَّا مَنْ أَعْطَى وَاتَّقَى ۞ وَصَدَّقَ بِالْحُسْنَى ۞ فَسَنُيَسِّرُهُ لِلْيُسْرَى ۞﴾ «(پۇل-مېلىنى الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان، (كەلىمە تەۋھىدنى) تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك [5—6]، ئۇنىڭغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز [7]» (سۈرە لەيل 5- ئايەتتىن 7- ئايەتكىچە) دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

الله تعالى تەقدىرنى (ئۆزلىرىنىڭ گۇناھىغا) ھۆججەت قىلىپ تۇرۇۋالغان مۇشرىكلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿سَيَقُولُ الَّذِينَ أَشْرَكُوا لَوْ شَاءَ اللَّهُ مَا أَشْرَكْنَا وَلَا آبَاؤُنَا وَلَا حَرَّمْنَا مِنْ شَيْءٍ كَذَلِكَ كَذَّبَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ حَتَّى ذَاقُوا بَأْسَنَا قُلْ هَلْ عِنْدَكُمْ مِنْ عِلْمٍ فَتُخْرِجُوهُ لَنَا إِنْ تَتَّبِعُونَ إِلَّا الظَّنَّ وَإِنْ أَنْتُمْ إِلَّا تَخْرُصُونَ ۞ قُلْ فَلِلَّهِ الْحُجَّةُ الْبَالِغَةُ فَلَوْ شَاءَ لَهَدَاكُمْ أَجْمَعِينَ ۞﴾ «مۇشرىكلار: <ئەگەر الله خالىسا ئىدى، بىز ۋە ئاتا-بوۋىلىرىمىز شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق ۋە ھېچنەرسىنى ھارام قىلمايتتۇق> دەيدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇنقى كىشىلەر تاكى (بىزنىڭ ئازابىمىز نازىل بولۇپ) ئازابىمىزنى تېتىغانغا قەدەر (ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى) مۇشۇنداق (يەنى مۇشرىكلار سېنى ئىنكار قىلغاندەك) ئىنكار قىلغان ئىدى. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: <سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقىغا پاكىتىڭلار بولسا، بىزگە چىقىرىپ كۆرسىتىڭلار، سىلەر پەقەت گۇمانغىلا ئاساسلىنىسىلەر، الله قا پەقەت يالغاننى چاپلايسىلەر> [148]. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: <(سىلەرنىڭ پاكىتىڭلار بولمىسا) الله نىڭ ئېنىق پاكىتى بار، ئەگەر ئۇ خالىسا ھەممىڭلارنى ئەلۋەتتە ھىدايەت قىلاتتى> [149]» (سۈرە ئەنئام 148-، 149- ئايەت).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

عن أَبِي صَفوان عبد الله بن بُسْرٍ الأسلمي رضي الله عنه، قَالَ: قَالَ رَسُول الله ﷺ: «خَيْرُ النَّاسِ مَنْ طَالَ عُمُرُهُ، وَحَسُنَ عَمَلُهُ» (رواه الترمذي، وَقالَ: «حديث حسن»).

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى — ئەمەللىرى (يەنى ئىش-ھەرىكىتى) گۈزەل بولۇشى بىلەن بىرگە ئۆمرى ئۇزۇن بولغان كىشىدۇر» (تىرمىزى توپلىغان ۋە «ھەسەن» دېگەن).

### ھەدىسنىڭ شەرھىسى

ئىنسان الله قا ئىتائەت قىلغان ھالدا ئۆمرى قانچە ئۇزۇن بولسا الله قا شۇنچە يېقىنلىشىدۇ ۋە ئاخىرەتتە تېخىمۇ يۇكسەك مەرتىۋىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى پەقەت الله نىڭ تەسەررۇپى ئاستىدا بولۇپ، ئىنساننىڭ بۇ ھەقتە قىلچىمۇ تەسەررۇپ قىلىش ھەققى يوقتۇر چۈنكى ئۆمۈرلەر الله نىڭ قولىدىدۇر. ئەمما، ئىش-ھەرىكەت ۋە ئەمەلنىڭ گۈزەل بولۇشى ئىنساننىڭ ئىمكانىيىتىدىدۇر چۈنكى الله تعالى ئىنسانغا ئەقىلنى يارىتىپ بەردى، كىتابلارنى نازىل قىلدى، پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى، توغرا يولنى ئىنتايىن روشەن بايان قىلدى ۋە ھۆججەتنى تۇرغۇزدى. يەنى بەندىگە ھېچقانداق ئۆزرە قالدۇرمىدى شۇڭا ھەر قانداق ئىنسان سالىھ ئەمەل قىلىشقا قادىر بولالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە رەسۇلۇللاھ ﷺ شۇنداق خەۋەر قىلدىكى، بەزى سالىھ ئەمەللەر ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن بولۇشىغا سەۋەبچىدۇر. مەسىلەن، سىلە-رەھىمنى ئۇلاشقا ئوخشاش. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى رىزقىم تېخىمۇ كەڭرى بولسۇن ۋە ئۆمرۈم تېخىمۇ ئۇزۇن بولسۇن دەيدىكەن، سىلە-رەھىمنى ئۇلىسۇن» (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

سىلە-رەھىمنى ئۇلاش — ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن بولۇش سەۋەبلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئىنسان كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەۋزىلىدىن بولۇش ئۈچۈن دائىم الله تىن ئەمىلى گۈزەل ۋە ئۆمرى ئۇزۇن بولغانلارنىڭ قاتارىدىن قىلىپ بېرىشىنى سوريشى كېرەك.

بۇ ھەدىستە شۇنىڭغا دەلىل باركى، ئىنساننىڭ ئەمىلى گۈزەل بولمىسا ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولغانلىقىنىڭ ھېچبىر پايدىسى يوقتۇر. بەزىدە ئىنساننىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى شۇ ئىنسان ئۈچۈن يامانلىق ۋە زىيانلىقتۇر. بۇ ھەقتە الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: «كاپىرلار ئۆزلىرىگە (جازا بەرمەستىن) مۆھلەت بېرىشىمىزنى (يەنى ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىشىمىزنى) ھەرگىز ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئۇلارغا مۆھلەت بېرىشىمىز (ۋە ئەجىلىنى كېچىكتۈرۈشىمىز) پەقەت ئۇلارنىڭ گۇناھىنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈندۇر. ئۇلار (ئاخىرەتتە) خار قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ» (سۈرە ئال ئىمران 178- ئايەت). الله تعالى نىڭ مانا بۇ كۇففارلارغا رىزىق، سالامەتلىك، ئۇزۇن ئۆمۈر، بالا-چاقا ۋە خوتۇننى زىيادە قىلىپ بېرىشى — بۇلارغا ياخشى بولسۇن ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئۇلارغا يامانلىق ۋە زىيانلىق بولسۇن ئۈچۈندۇر. بۇنىڭدىن الله ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن! ئۇلار بۇ نېئمەتلەر ئارقىلىق گۇناھىنىڭ ئۈستىگە گۇناھنى تېخىمۇ زىيادە قىلىشىدۇ. شۇ تۈپەيلىدىن بەزى ئالىملار ئىنساننىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلىشنى ئۆچ كۆرگەنلىكتىن: «سەن باشقىلارغا دۇئا قىلغاندا: <الله سېنىڭ ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلسۇن!> دەپ دۇئا قىلمىغىن بەلكى <الله سېنىڭ ئىتائەت ئىچىدىكى ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلسۇن!> دەپ دۇئا قىلغىن» دېگەن ۋەسىيەتلەرنى قىلغان.

مېھرىبان الله تىن بىزنى ۋە سىلەرنى ئۆمرى ئۇزۇن، ئەمىلى گۈزەل ۋە ئەمەللەرنىڭ خاتىمىسى چىرايلىق بولغان كىشىلەردىن قىلىپ بېرىشىنى سورايمىز چۈنكى ئۇ ئىنتايىن سېخى ۋە كەرەملىك زاتتۇر.

### ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنىڭ پەزىلەتلىك بولۇشى — ئەمەلنىڭ گۈزەل بولۇشىغا باغلىق ئىكەنلىكى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەمىلى يامان بولغان ئۆمرى ئۇزۇن كىشىلەر ئىنسانلارنىڭ ئەڭ زىياندىشى ۋە رەزىلى ئىكەنلىكى.

ئىككىنچى، ئۆمۈر مۇسۇلمان ئۈچۈن بىر پۇرسەت بولۇپ، مۇسۇلمان بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تائەت-ئىبادەتلەرنى ۋە ياخشى ئەمەللەرنى تېخىمۇ كۆپ قىلىۋېلىشىنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى.

ئۈچىنچى، ئەمەلنىڭ گۈەل بولۇشى ئۈچۈن ئىككى شەرت تېپىلىشى كېرەكلىكى:

1. ئىخلاس، يەنى نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى؛

2. ئەگىشىش، يەنى پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە مۇۋاپىق ئەمەل قىلىش ياكى بىدئەت ئىش قىلماسلىق.

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

## مانا بۇ — ھەقىقي پەيغەمبەرلىك

نافىئ ئىبنى جۇبەير مۇنداق دەيدۇ: [مەن مۇھاجىرلاردىن بىرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «مەن ئۇھۇد جېڭىگە شاھىد بولدۇم. مەن ھەر تەرەپتىن يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلارغا قاراپ تۇراتتىم، رەسۇلۇللاھ ﷺ شۇ ئوقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان ئىدى ئەمما بۇ ئوقلارنىڭ ھەممىسى رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئەگىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى شىھاب زۇھرى ئاشۇ كۈندە مۇنداق دەيتتى: <ماڭا مۇھەممەدنى كۆرسىتىپ قويۇڭلار! چۈنكى ئۇ قۇتۇلۇپ قالسا مەن قۇتۇلالمايمەن (يەنى ھالاك بولىمەن)>. ئۇنىڭ يېنىدا پەقەت رەسۇلۇللاھ ﷺ لا بار ئىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىپ قالدى-دە، سەفۋاننىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى لېكىن ئۇ سەفۋانغا مۇنداق ئۆزرە ئېيتتى: <الله بىلەن قەسەمكى! مەن مۇھەممەدنى كۆرمىدىم. يەنە الله بىلەن قەسەمكى! مەن مۇھەممەدنىڭ ھەقىقەتەن بىزنىڭ زىيىنىمىزدىن قوغدىلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەتتىم چۈنكى بىز تۆت كىشى مۇھەممەدنى ئۆلتۈرۈشكە ئۆزئارا ئەھدە قىلىشقان بولساقمۇ، بىز بۇنى ئورۇنلىيالمىدۇق>. بۇ تۆت كىشى ئۇھۇد غازىتى كۈنى: <ئەگەر قايسىمىز مۇھەممەدنى كۆرۈپ قالساق، چوقۇم ئۇنى ئۆلتۈرىمىز ياكى ئۇنى ئۆلتۈرۈش يولىدا چوقۇم بىز ئۆلتۈرۈلىمىز> دەپ ئۆزئارا قەسەم قىلىشتى»].

بۇ تۆت كىشى — ئابدۇللاھ ئىبنى شىھاب زۇھرى، ئۇبەي ئىبنى خەلەف (رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى بىر نەيزە بىلەن ئۆلتۈرگەن)، ئابدۇللاھ ئىبنى قەمئە لەيسى (ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يۈزىگە ئىككى قېتىم ئۇرغان بولۇپ، شۇ ئىككى قېتىملىقنىڭ بىرىدە دۇبۇلغىنىڭ ھالقىلىرىدىن ئىككى تال ھالقىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئىككى مەڭزىگە پاتۇرۇۋېتىپ: «ئۇنى ئۆزەڭ ئېلىۋال! مانا مەن قەمئەنىڭ ئوغلى» دەپ ۋارقىرىغان، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: «الله سېنى قەمئە قىلىۋەتسۇن! (يەنى الله سېنى ئەڭ قەبىھ ئۇسلۇبتا ئۆلتۈرىۋەتسۇن)» دەپ جاۋاب قايتۇرغان) ۋە ئۇتبە ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

الله تعالى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئىبنى قەمئە توغرىسىدا قىلغان بەددۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. بۇ توغرىلىق ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى «فەتھۇلبارى» دېگەن كىتابتا شۇنداق نەقىل قىلىدۇ: «ئىبنى قەمئە مۇشۇ قېتىملىق جەڭدىن كېيىن، بىر كۈنى قويلىرىنى يوقلاپ چىقتى. ئۇ ئېگىز تاغنىڭ چوققىسىدا قويلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، قويلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. ئارقىدىنلا ئۇنى بىر تېكە قاتتىق ئۈسۈپ ئېگىز تاغنىڭ چوققىسىدىن پەستىكى ھاڭغا موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى-دە، ئۇنىڭ جەسەتلىرى پارە-پارە بولۇپ ئۆلتۈرۈلدى».

### يۇقىرىقىلاردىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، الله تعالى نىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ۋارىسلىرى بولغان مۇجاھىد جامائەتنى ھەر خىل شەكىلدە قوللايدىغانلىقى. شۇڭا مۇجاھىدلار الله نىڭ نۇسرىتىدىن ھەرگىزمۇ نائۇمىد بولماسلىقى كېرەك.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




## قەدىمكى ۋە هازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئەمىرۇلمۇئمىنىن ئەلى رضي الله عنه مۇنداق دېگەن: «ئى خالايىق! مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: <ئۈممىتىم ئىچىدىن قۇرئان ئوقۇيدىغان بىر

(ئاخىرى 3- بەتتە)

(بېشى 2- بەتتە)

قەۋم چىقىدۇ، سىلەرنىڭ قۇرئان ئوقۇشۇڭلار ئۇلارنىڭ قۇرئان ئوقۇشى ئالدىدا ھېچنەرسە ئەمەس، سىلەرنىڭ نامىزىڭلار ئۇلارنىڭ نامىزى ئالدىدا ھېچنەرسە ئەمەس، سىلەرنىڭ روزاڭلار ئۇلارنىڭ روزىسى ئالدىدا ھېچنەرسە ئەمەس، ئۇلار قۇرئاننى ئۆزلىرىنىڭ يولىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە دەلىل دەپ ئويلاپ ئوقۇيدۇ. ۋەھالەنكى، قۇرئان ئۇلارنىڭ زىيىنىغا ھۆججەت ئىدى. ئۇلارنىڭ نامىزى گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلار خۇددى ئوق ئوۋغا كىرىپ چىقىپ كەتكەندەك دىندىن (يەنى ئىتائەتتىن) ئەنە شۇنداق چىقىپ كېتىدۇ>» (مۇسلىم توپلىغان). يەنى، بۇ دېگەنلىك — ئۇلارنىڭ ئىبادىتى ئالدىدا ئۆزۈڭلارنىڭ ئىبادىتىنى ئاز ساناپ قالىسىلەر چۈنكى ئۇلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى ئىبادەت بىلەن كۆپ شۇغۇللىنىش تۈسى قاپلىغان شۇڭا سىلەرنىڭ ئىبادىتىڭلار ئۇلارنىڭ ئىبادىتىگە سېلىشتۇرۇلغاندا ھېچنەرسە ئەمەس!

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «ئۇلار دىنغا چوڭقۇرلاپ كىرىپ ھەتتا خۇددى ئوق ئوۋغا كىرىپ چىقىپ كەتكەندەك دىندىن (يەنى ئىتائەتتىن) چىقىپ كېتىدۇ» (ئەھمەدنىڭ «مۇسنەد» دېگەن كىتابىدىن ئېلىندى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن).

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ شاپائىتىمگە ئېرىشەلمەيدىغان ئىككى خىل كىشى بار بولۇپ، بىرى، ئەشەددى زالىم؛ يەنە بىرى بولسا دىنغا چوڭقۇرلاپ كىرىپ، چىقىپ كەتكۈچى» («سۈننە ئىبنى ئەبى ئاسىم»دىن ئېلىندى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن).

دېمەك، خاۋارىجلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاشقۇنلۇقىنى ئەيىبلەپ كەلگەن يۇقىرىقى ھەدىسلەردىن باشقا نۇرغۇن ھەدىسلەر بار. ئەگەر ماڭا: «ئۇلارنى (يەنى خاۋارىجلارنى)، ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە بۈگۈنكى كۈنلەردە كىملەرنىڭ خاۋارىج ئىكەنلىكىنى ئېنىق دەپ بېرىڭ؟» دېيىلسە، مېنىڭ جاۋابىم شۇكى، ھېچكىمنىڭ بىر كىشىنى ئۆزى خالىغانچە خاۋارىجلار قاتارىغا كىرگۈزۈش ياكى خاۋارىج قاتارىدىن چىقىرىۋېتىش ھەققى يوق، بۇ ھوقۇق پەقەت شەرىئەتكە مەنسۇپ. يەنى، كىمدە خاۋارىجلارنىڭ شەرىئەتتە بايان قىلىنغان ئەخلاق ۋە سۈپەتلىرى تېپىلسا، ئەنە شۇ — خاۋارىجدۇر، گەرچە ئۇ ئۆزىنى: «مەن خاۋارىج ئەمەس، مەن دېگەن ئەھلى سۈننە» دەپ ئاتىۋالسىمۇ بەربىر ئوخشاش. كىمدە ئۇلارنىڭ ئەخلاقى ۋە سۈپەتلىرى تېپىلمايدىكەن، ئەنە شۇ — خاۋارىج ئەمەستۇر، گەرچە بەزىلەر ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن ئۇ كىشىنى «خاۋارىج» دەۋالسىمۇ ياكى خاۋارىج قاتارىغا كىرگۈزىۋالسىمۇ بىكار. ئەڭ مۇھىمى، مۇسۇلمان كىشى ياكى مۇسۇلمان جامائەت: «مەن خاۋارىج بولۇپ قېلىۋاتىمەنمۇ ياكى ئەھلى سۈننە ھالىتىدە تۇرىۋاتىمەنمۇ؟» دەپ ئۆزىنى خاۋارىجلارنىڭ ئەخلاق، سۈپەت ۋە پرىنسىپلىرىغا پات-پات سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشى كېرەك.

ئەمدى بىز خاۋارىجلارنىڭ ئەڭ مۇھىم پرىنسىپ، ئەخلاق ۋە سۈپەتلىرىنى بايان قىلماقچىمىز.

خاۋارىجلارنىڭ ئەڭ ئاساسىي پرىنسىپ ۋە سۈپەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى پرىنسىپى ياكى ئاساسىي سۈپىتى — كۇفۇر ۋە شېرىكتىن تۆۋەن بولغان گۇناھىي كەبىرىلەر (يەنى چوڭ گۇناھلار)نى سادىر قىلغان ھەر بىر مۇسۇلمان شەخسنى كاپىرغا چىقىرىش ھەمدە ئۇنى «دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلىش.

يەزىد فەقىر دېگەن كىشى نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن خاۋارىجلارنىڭ پرىنسىپلىرى ئىچىدىكى بىر پرىنسىپقا (يەنى گۇناھىي كەبىرە قىلغان مۇسۇلماننى «كاپىر» دەپ ئېتىقاد قىلىشقا) مەپتۇن بولۇپ قالغان ئىدىم. بىز خېلى زور ساندىكى بىر جامائەت ئىچىدە ھەجگە چىقتۇق. بىز ھەجدىن قايتقاندىن كېيىن خالايىققا قوراللىق قارشى چىقماقچى ئىدۇق. شۇنداق قىلىپ بىز مەدىنىدىن ئۆتتۇق. قارىغۇدەك بولساق، بىر كىشى (يەنى جابىر دېگەن ساھابە) ئېگىز بىر ياغاچنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ باشقىلارغا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەدىسىنى سۆزلەپ بەرگىلى تۇرۇپتۇ. ئۇ شۇ ۋاقىتتا جەھەننەم ئەھلىنى بايان قىلدى، شۇئان مەن ئۇنىڭغا: [ئى رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىسى، سىلەر مۇشۇنداق ھەدىس سۆزلەمسىلەر؟ ھالبۇكى، الله تعالى: «ھەر قاچان ئۇلار دوزاختىن چىقماقچى بولسا، ئۇلار دوزاخقا قايتۇرۇلىدۇ. ئۇلارغا: <سىلەر ئىنكار قىلغان دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار> دېيىلىدۇ» (سۈرە سەجدە 20- ئايەت) دېگەن تۇرسا!] دېدىم. ئۇ مەندىن: «سەن قۇرئان ئوقۇمسەن؟» دەپ سورىدى، مەن ئۇنىڭغا: «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردىم. ئاندىن ئۇ مەندىن: «سەن <مۇھەممەدنىڭ ماقامى> (يەنى الله قىيامەت كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نى يەتكۈزىدىغان شاپائەت ماقامى) دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ؟» دەپ سورىغاندى، مەن ئۇنىڭغا: «ھەئە ئاڭلىغان» دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ: «الله تعالى مۇشۇ ماقام سەۋەبلىك بىر تۈركۈم كىشىلەرنى دوزاختىن چىقىرىدۇ» دېدى. ئاندىن كېيىن ئۇ پىلسىرات كۆۋرۈكىنىڭ قويۇلىدىغانلىقى ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۆتىدىغانلىقى توغرىلىق سۆزلەپ كېلىپ: «مەن بۇ ئىشلارنى ئەستە ساقلىيالمىغان بولۇشۇمدىن ئەنسىرەيمەن» دېگەننى قوشۇپ قويدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بىر تۈركۈم كىشىلەر دوزاخقا كىرىپ بولغاندىن كېيىن (يەنى دوزاختا كۆيۈپ، قارىداپ كەتكەن تۆۋرۈكتەك بولۇپ قالغاندىن كېيىن) جەننەت دەريالىرىدىن بولغان بىر دەرياغا كىرىپ، يۇيۇنۇپ خۇددى ئاق قەغەزدەك پاكلىنىپ چىقىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ بىز قايتماقچى بولدۇق ۋە قايتىش ئالدىدا بۇ جامائەتكە (يەنى ئەنە شۇ خاۋارىج پىكرىدىكى جامائەتكە): «ۋاي سىلەرنىڭ ھالىڭلارغا! سىلەر بۇ شەيخنى (يەنى جابىر دېگەن ساھابىنى) رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ دەپ قارامسىلەر؟» دېگەن سوئالنى قويۇپ قايتىشتۇق. الله بىلەن قەسەمكى، بىزنىڭ ئىچىمىزدىن بىر كىشىدىن باشقا ھېچقايسىمىز خالايىقلارغا (قوراللىق قارشى چىقمىدۇق (مۇسلىم توپلىغان).

بۇ ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلارنىڭ بىرى شۇكى، ئەھلى قىبلە (يەنى مۇسۇلمانلار) دىن گۇناھىي كەبىرە قىلغانلارنى كاپىرغا چىقىرىش ۋە ئۇلارنى «دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ» دەپ قاراش — خاۋارىجلارنىڭ مەزھىپى (يەنى پرىنسىپى)دۇر چۈنكى جابىر رضي الله عنه ئەھلى قىبلە ئىچىدىكى گۇناھكار-ئاسىيلارنىڭ ھامىنى دوزاختىن چىقىدىغانلىقىغا دەلىل بولىدىغان ھەدىسنى نەقىل قىلغاندا خاۋارىجلارنىڭ ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈشى — بۇ سۆزىمىزنىڭ دەلىلىدۇر.

ئىبنى تەيمىيە رحمه الله ئۆزىنىڭ «پەتىۋالار توپلىمى» ناملىق كىتابى 3- توم 279- بەتتە مۇنداق دەيدۇ: «خاۋارىجلار بولسا مۇسۇلمانلارنى كاپىرغا چىقارغان تۇنجى كىشىلەردۇر. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى (كۇفۇر بولمىغان) گۇناھلار سەۋەبلىك كاپىرغا چىقىرىشىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل بىدئىتىگە قوشۇلمىغانلارنى كاپىرغا چىقىرىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ جېنى ۋە مېلىغا چېقىلىدۇ».

دېمەك، (بۈگۈنكى كۈندە) يامان گۇمان، شۇبھىلىك ۋە ئېھتىماللىق ئىشلار سەۋەبلىك شۇنداقلا ئىجتىھادىي ئىشلار (يەنى مەزھەپ ئىماملىرى ئارىسىدا ئىختىلاپلىق بولغان فىقھى مەسىلىلەر)دا ئۆزلىرىگە ئوخشىماس پىكىردە بولغان ۋە الله نىڭ قانۇنىدا «گۇناھ» دېيىلمىگەن لېكىن ئۆزلىرى «گۇناھ» دەپ قارىۋالغان ئىشلار سەۋەبلىك مۇسۇلماننى كاپىرغا چىقىرىۋاتقانلارمۇ ئەنە شۇ خاۋارىجلار قاتارىدىن سانىلىدۇ. مانا بۇ — ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئوخشىماس پىكىردە بولغان مۇسۇلمانلارغا تۇتۇپ كەلگەن ئادىتى ۋە يولىدۇر.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

پايدىلىنىش بىلىملىرى

(چاتما ماتېرىياللار)




# ئافغانىستان ۋاخان كارىدورىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

(3) بۆرە

ۋاخان كارىدورىنىڭ ھەممە ئەتراپىدىن كىشىلەر بۆرىنى كۆرگەن. بىز بۇلارنىڭ يېڭى ئىزلىرىنى چوڭ ۋە كىچىك پامىردا بايقىدۇق. قار يىلپىزىغا سېلىشتۇرغاندا، پامىر — بۆرىنىڭ ئەڭ كۆپ تارقالغان مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. چوڭ-كىچىك پامىردا چارۋىلارنى ئۆلتۈرۈشكە مۇشۇ بۆرە سەۋەبچى دەپ قارىلىدۇ لېكىن بۇ بۆرە ھەددىدىن زىيادە ئۆلتۈرمەيدۇ.

(4) ئارقار

بۇ قوي ئاساسەن چوڭ-كىچىك پامىر رايونىدىلا بار بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كۈچلۈك قارىشى بۇ قوينىڭ سانى كىچىك پامىردا كۆپرەك. بىز چوڭ پامىر رايونىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 4400 مېتىر ئېگىز بولغان يانتۇلۇقتىكى شىكارگاھ جىلغىسىدا بۇ تۈردىن ئىككى توپنى بايقىدۇق. بىر توپ 28 بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە قوزىلىرىمۇ بار ئىدى. بىز 4700 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئالپىس تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئۇۋچىلار رايونىدا ئالتە قوچقارنى كۆردۇق. بىز كىچىك پامىردىكى ئارقار ياشايدىغان ئورۇنلارنى بايقىمىدۇق.

ئارقار ياشايدىغان قىشلىق رايونلارغا باشقا پادىچىلار ئۆز ماللىرىنى ئېلىپ كېلىپ



(شىكارگاھ جىلغىسى رايونى)

ئوتلىتىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قىش-ياز بۇ رايوندىن پايدىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرنىڭ يايلاق كۆلىمى 4000—4300 كۋادرات مېتىرغىچە كېمىيىپ كەتكەن. بۇ تۈر يەنە يېيىش ئۈچۈن داۋاملىق ئوۋلىنىۋاتىدۇ.

(5) سىبىرىيە ياۋا ئۆچكىسى

بۇ رايوندا ئۈچ تۈرلۈك تۇياقلىق ھايۋانلارنىڭ ئىچىدە سىبىرىيە ياۋا ئۆچكىسى ناھايىتى كۆپ. ئۇلار ۋاخان ۋە چوڭ-كىچىك پامىرلاردا ئومۇمىيۈزلۈك ئۇچرايدۇ. ئارقارغا ئوخشىمايدىغىنى، سىبىرىيە ياۋا ئۆچكىسى ئېگىزلىكلەرگە ئانچە كۆچۈپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، بۇ ئۆچكىلەر تىك قىيالىقلاردا ياشىغانلىقى ئۈچۈن يەرلىك كىشىلەرنىڭ چارۋىلىرىنى يېقىن ئەتراپتا ئوتلىتىشى ئۇلارغا بەك تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. شۇ رايوندىكى چارۋىچىلار بۇ ئۆچكىلەرنى ئىشكەشىم بىلەن قەلئەيىپەنجىنىڭ ئارىلىقىدىكى رايونلاردا كۆپ كۆرگەن. كىشىلەر بۇ ھايۋاننىڭ گۆشىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن كۆپ ئوۋلايدۇ. ئالدىنقى يىلى قىش پەسلىدە يەرلىك ئەسكەرلەر غازخاننىڭ ئۈستى تەرىپىدە ئىككى دانە سىبىرىيە ئۆچكىسىنى ئېتىۋەتكەن.

(6) ئورىيال قويى

بىز بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشىمىزدە ئورىيال قويىنى كۆرۈپ باقمىدۇق لېكىن بۇ ھايۋان پامىر جىلغىسىدا ۋە ئىشكەشىم بىلەن قەلئەيىپەنجىنىڭ ئارىلىقىدا بار.

(7) باشقا ھايۋانلار

بىز بۇ رايوندا قىزىل تۈلكىنىڭ، ياۋا توشقاننىڭ ۋە قۇندۇزنىڭ ئىزلىرىنى بايقىدۇق. مولۇن ھەققىدە پەقەت ئاڭلىدۇق ئەمما كابۇلنىڭ توخۇ بازىرىدىكى مولۇن تېرىلىرىنى بەدەخشان ۋىلايىتىنىڭ مەھسۇلاتى دېيىلگەن. بۇ ھايۋانلار قوڭۇر ئېيىق، قار يىلپىزى ۋە بۆرىلەرنىڭ ئوۋلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ رايونلاردا بىز يەنە كۆپ مىقداردا ياۋا چاشقان ۋە غاجىلىغۇچى ھايۋانلارنى بايقىدۇق.

## 2. ئىنسانلار ۋە ياۋا ھايۋانلارنىڭ زىددىيىتى

ئىنسانلار بىلەن ياۋايى ھايۋانلار زىددىيىتىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك قىسمى ياۋا ھايۋانلارنىڭ چارۋىلارنى يەپ كېتىشى ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشىدۇر. كىشىلەر ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرىنى بۇزۇۋەتكەنلىكى ھەققىدىكى ۋەقەلەرنى ياكى ئۆزلىرىنىڭ ياۋا ھايۋانلار تەرىپىدىن يارىلانغانلىقى ھەققىدىكى ھادىسىلەرنى ئېيتىپ باقمىدى.

ۋاخان كارىدورىدىكى يىرتقۇچلارنىڭ چارۋىلىرىنى كۆپ ھاللاردا قار يىلپىزى ۋە بۆرىلەر يەپ كېتىدۇ. ئاساسلىق مىساللاردىن بىرى — بىر چارۋىچىنىڭ قوتىنىنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ كىرگەن قار يىلپىزى تەخمىنەن 70 ئەتراپىدىكى مال-چارۋىلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

بۆرىلەر ياز ياكى قىش دەپ ئايرىماستىن چارۋىلارنى داۋاملىق يەپ كېتىدۇ ئەمما قار يىلپىزى چارۋىلارنى پەقەت قىش پەسلىدىلا يەيدۇ. بۆرىلەر چارۋىلارنى ئوچۇقچىلىق ئوتلاقلاردا يەيدۇ ئەمما قار يىلپىزى چارۋىلارنى قوتانلارغا كىرىپ ئۆلتۈرۈپ يەيدۇ. بۆرىلەرگە قارىغاندا قار يىلپىزلىرى چارۋىلارنى ھەددىدىن زىيادە ئۆلتۈرىدۇ. چوڭ-كىچىك پامىرلاردا بۆرىلەر ئاساسلىق زىيانداش ياۋايى ھايۋان ئەمما ۋاخاننىڭ ئىشكەشىم ۋە قەلئەيىپەنجە ئارىسىدىكى رايونلاردا ۋە قەلئەيىپەنجىدىكى پامىر دەرياسى ئەتراپلىرىدا قار يىلپىزى ئاساسلىق زىيانداش ھايۋان ھېسابلىنىدۇ.

قار يىلپىزلىرى كىشىلەرنىڭ چارۋىلىرىنى يەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئۆچ ئېلىشىغا ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەم بەزى ۋاقىتلاردا كىشىلەر ئۇلارنى ئوۋلايدۇ.

ۋاخان كارىدورىدىكى قار يىلپىزلىرى ئۆلتۈرۈلگەندە ئۇلارنىڭ تېرىلىرى ئېلىۋېلىنىدۇ، باشقا قىسىملىرى ئىشلىتىلمەيدۇ. تېرىلىرى بازارلاردا 15—140 دوللار ئەتراپىدا سېتىلىدۇ. يەرلىك كىشىلەر ئۆچكە ۋە ياۋا قويلارنى ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ئۈچۈن ئوۋلايدۇ ئەمما قار يىلپىزىنى ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە ئۆلتۈرۈپ ئۇلارنىڭ تېرىلىرىنى ئېلىپ قالىدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




■ ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى ئابدۇلئەھەد بارات مەخسۇم ھاجىمنىڭ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن شەھىد قىلىنغانلىقى ئاشكارىلاندى.

تاجاۋۇزچى خىتاي كاپىرلىرى بۇ ئالىمىمىزنى 2017- يىلى 11- ئايدا 88 يېشىدا تۈرمىگە قامىغان بولۇپ، 6 ئايدىن كېيىن ئائىلىسىدىكىلەرگە ئالىمىمىزنىڭ ۋاپات تاپقانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزگەن. رەببىمىز الله بۇ ئۇستازىمىزنىڭ شەھىدلىكىنى قوبۇل قىلسۇن ۋە جەننەتتىكى دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلسۇن!

■ 5- ئاينىڭ 24- كۈنى يەمەن ئەلقائىدە مۇجاھىدلىرى يەمەننىڭ ئەبيان ۋىلايىتىنىڭ زەنجىبار شەھىرىدە مۇرتەد ئارمىيىنىڭ ئالاھىدە قىسىم ئەسكىري مەسئۇلىنى ئۆلتۈرگەن.

■ 5- ئاينىڭ 25- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ فەرياب ۋىلايىتىنىڭ جۇمە بازار رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ 2 ئەسكىري بازىسى بىلەن 10 بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىنى فەتھ قىلغان.

■ 5- ئاينىڭ 25- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ روزىگان ۋىلايىتى تەشۇرا رايونىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 2 نەپەر مەسئۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 29 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە 16 نەپىرىنى يارىلاندۇرغان. ئۇندىن باشقا يەنە، ئەسكىري مەركەزدىن 5 نى فەتھ قىلغان.

■ 5- ئاينىڭ 28- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ تاھار ۋىلايىتى خۇۋاجاغار رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ 17 ئورۇندىكى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىنى فەتھ قىلغان.

■ 5- ئاينىڭ 29- كۈنى پەلەستىندىكى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز ئىسرائىلىيىدىكى يەھۇدىيلار ياشايدىغان رايونلارغا توپ قورال ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 3 نەپەر يەھۇدىي ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە نۇرغۇنلىغان ئىقتىسادىي زىيانلارنى سالغان.

■ 5- ئاينىڭ 30- كۈنى شام مۇجاھىدلىرى ھەلەب شەھىرى تۈرمىلىرىدىكى سىياسىي جىنايەتچىلەرگە مەسئۇل سۇمىر زەيدان ئىسىملىك ئەسكىري مەسئۇلنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن.

■ 6- ئاينىڭ 1- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ غەزنى ۋىلايىتى شەلجار رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ 2 ئەسكىري بازىسىغا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 12 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان. ئۇندىن باشقا يەنە، 3 دانە ئوق ئۆتمەس ماشىنىنى ۋەيران قىلىپ بۇ ئەسكىري بازىنى فەتھ قىلغان.

■ 6- ئاينىڭ 1- كۈنى شام مۇجاھىدلىرى سۈرىيىنىڭ ئىدلىب ۋىلايىتى ئەبۇ زوھۇر ئايرودرومى ئەتراپىدىكى بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ نۇقتىلىرىغا مەخپىي ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 7 نەپەر ئەسەد ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن.

■ 6- ئاينىڭ 1- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ ھىران ۋىلايىتى مۇفكىرى شەھىرىدىكى مۇرتەد ئارمىيىنىڭ ئەسكىري بازىسىغا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 150 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان، كۆپلىگەن ئەسكىري ماشىنا ۋە قورال-ياراقلارنى غەنىيمەت ئېلىپ بۇ ئەسكىري بازىنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئالغان.

■ 6- ئاينىڭ 2- كۈنى شام مۇجاھىدلىرى سۈرىيىنىڭ لازىقىيە ۋىلايىتى ئارد ئەلۋات يېزىسىدىكى بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرىنىڭ نۇقتىلىرىغا قارىتا مەخپىي ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، بىر نەچچە شىئە ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئۇلارنىڭ قورال-ياراقلىرىنى غەنىيمەت ئېلىپ ساق-سالامەت چېكىنىپ چىققان.

■ 6- ئاينىڭ 2- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ كابۇل ۋىلايىتى بەلىكۇن رايونىدا ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ ئوق ئۆتمەس ئەسكىري ماشىنىسىغا قارىتا مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، بۇ ئوق ئۆتمەس ماشىنىنى ۋەيران قىلغان ۋە ماشىنا ئىچىدىكى بىر نەپەر مەسئۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 3 نەپەر ئەنگلىيە ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن.

■ 6- ئاينىڭ 3- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ فەراھ ۋىلايىتى بەرجىمان رايونىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغاندا، بۇ رايوننىڭ ھاكىمى، ئەسكىري مەسئۇلى، ئىستىخبارات مەسئۇلى قاتارلىقلار قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەر بىلەن مۇجاھىدلارغا تەسلىم بولغان ۋە مۇجاھىدلار بۇ رايوننى مۇكەممەل فەتھ قىلغان.

■ 6- ئاينىڭ 4- كۈنىدىكى تارقالغان خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى جۇف شەھىرىنىڭ ئىككى قازىسىنى رامىزانلىق ئېلىپ بارغان پائالىيەتتە دۆلەت مارشىغا ئۆرە تۇرمىغانلىق سەۋەبلىك تۇتۇپ سولىغان.

■ 6- ئاينىڭ 6- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ بەلەد شەھىرىگە قاراپ كېتىۋاتقان مۇرتەد ئارمىيىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارىتا پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، پارلامېنت ئەزالىرى ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 10 دىن ئارتۇق ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن.

■ 6- ئاينىڭ 6- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى كېنىيىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان جارىسا رايونىنىڭ لوبۇۋى شەھىرى ئەتراپىدا مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، بىر ئەسكەر توشۇغۇچى ماشىنىنى پارتلاتقان ۋە ماشىنا ئىچىدىكى 20 دىن ئارتۇق ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن.

# ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| هُنَاكَ | ئاۋۇ يەردە | أَنَامُ هُنَاكَ | مەن ئاۋۇ يەردە ئۇخلايمەن |
| فَوْقَ | ئۈستى | سِلَاحُكَ فَوقَ الْمَكْتَبِ | قورالىڭ ئۈستەل ئۈستىدە |
| تَحْتَ | ئاستى | حِذَائُكَ تَحتَ الْمَكْتَبِ | سىېنىڭ ئايىغىڭ ئۈستەلنىڭ ئاستىدا |
| اَمَامَ | ئالدى | اِنْطَلَقَ أَحْمَدُ أَمَامَ الصُّفُوفِ | ئەھمەد سەپنىڭ ئالدىدا ماڭدى |
| وَرَاءَ | كەينى | جَلَسْتُ وَرَاءَ الْإِمَامِ | مەن ئىمامنىڭ كەينىدە ئولتۇردۇم |
| يَمِينَ | ئوڭ | بَيْتُهُ يَمِينَ هَذَا الشَّارِعِ | ئۇنىڭ ئۆيى بۇ كوچىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە |
| يَسَارَ | سول | يَكْتُبُ أَبِي بِيَسَارِهِ | دادام سول قولى بىلەن خەت يازىدۇ |
| عِنْدَ | قېشى، يېنى | كُنْتُ عِنْدَ أَخِي الصَّغِيرِ أَمْسِ | مەن تۈنۈگۈن ئۇكامنىڭ قېشىدا ئىدىم |
| حِذَاءَ | ئۇدۇلى | مَدْرَسَتُنَا حِذَاءَ الْمَكْتَبَةِ | بىزنىڭ مەدرىس كىتابخانىنىڭ ئۇدۇلىدا |
| بَيْنَ | ئۆزئارا، ئارىسىدا | مَصَالِحُهُمْ مُشْتَرَكَةٌ بَيْنَهُمْ | ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئۆزئارا ئورتاقتۇر |
| حَوْلَ | ئەتراپى | قَدْ كَانَ حَوْلَ هَذَا الْمَكَانِ غَابَةُ الْأَشْجَار | بۇ جاينىڭ ئەتراپى ئورمانلىق ئىكەن |
| لَنَا | بىزنىڭ | تِلْكَ الْأَسْلِحَةُ الْمُعَلَّقَةُ لَنَا | ئاۋۇ ئېسىقلىق تۇرغانلىرى بىزنىڭ قوراللار |




تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى قېنى كىم تېز ھەم توغرا تاپالايدۇ؟

1. تېشى يېشىل ئىچى قىزىلدۇر،
«گۆشى» تاتلىق قانغا كىپىلدۇر.

2. رەڭگى سېرىق، گاھىدا قىزغۇچ،
پولو ئۈچۈن بىردىنبىر خورۇچ.

3. تۆۋەندىكى ئىسلامىي تېپىشماقنى تېپىپ بېقىڭ:

تۇغۇلۇپ ۋاپات بولمىغان پەيغەمبەر كىم؟ تۇغۇلماي ۋاپات بولغان پەيغەمبەر كىم؟

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:



1. چىلان.
2. قوغۇن.
3. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسى.

## ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىري تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تىببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته

## چايان

بۇ — ئامبۇرسىمان سېرىقئېشەك ئائىلىسىدىكى ھايۋانات چايانىنىڭ قۇرۇتۇلغان تېنىدىن ئىبارەت بولۇپ، ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە تۇتۇۋېلىنىپ، سۇزۇك سۇ ياكى تۇز سۈيىدە يۇيۇپ لاي ۋە توپىلىرى چىقىرىۋېتىلىدۇ، ئاندىن قازانغا سېلىپ چايان چۆككۈچە سۇ قۇيۇلىدۇ، ئۈستىگە بىر جىڭ چايانغا 50 ~ 60 گرام تۇز سېلىپ، چاياننىڭ دۈمبىلىرىگە سىزىق پەيدا بولغۇچە ۋە بەدىنى قاتقۇچە قاينىتىپ، سۈزۈۋېلىنىپ، سالقىن جايدا قۇرۇتۇلىدۇ. ئاپتاپتا قۇرۇتۇشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك قۇرۇتۇلغان تېنى «چايان» نامىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

چايان مەشھۇر بولغان زەھەرلىك ھاشارات بولۇپ، ئۇنىڭ تۈرى كۆپ. بىر خىلى ماڭغاندا قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ، ئۇنى «شەييالە»؛ يەنە بىر خىلى ماڭغاندا قۇيرۇقىنى يەرگە سۆرەپ ماڭىدۇ، ئۇنى «جەرراره» دەيدۇ، بۇ شەييالەدىن كىچىكرەك بولىدۇ، بۇنىڭ زەھرى ئارتۇق ھەم كۈچلۈك بولۇپ، ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ. چىشى چاياننىڭ زەھرى ئەركەك چاياندىن ئارتۇقراق. قارا چايان بەك يامان، قارا تۈكلۈك چوڭ قاناتلىق بولغىنى «ئەقرەبىي ئەسكىرىيە» دېيىلىدۇ. يەنە بەزىلىرىنىڭ زەھەرلىرى ئارتۇق بولۇپ، بەدەندىن مېڭىپ ئۆتۈپ كېتىش بىلەنلا ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ.

چاياننىڭ تەبىئىتى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، زەھەر قايتۇرۇش، پەي-مۇسكۇللارنى چىڭىتىش، چاچ قۇۋۋەتلەش، ئىسپازما (تارتىشىپ قېلىش)نى بوشىتىش، ئاغرىق پەسەيتىش، يەل تارقىتىش، ئارتۇق گۆشنى يوقىتىش، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشلارنى پارچىلاش، سۈيدۈك ھەيدەش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئۇ، زەھەرلىنىش، پالەچ، لەقۋا، ئىسترخا (پەي-مۇسكۇللار بوشىشىپ كېتىش)، بوغۇم ئاغرىقى، كۆز ئاغرىقى، سۈيدۈك يولىدىكى تاش ۋە يىرىڭلىق جاراھەت، ئاق ۋە قارا داغ، چاچ چۈشۈش، بەرەس، چاقا ۋە بوۋاسىر قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

چاياندىن ھەر كۈنى بىر گرام ئىشلەتسە، تارتىشىشقا قارشى تۇرالايدۇ. چايان تىنكتورىسى ۋە قايناتمىسى ۋىنادىن كىرگۈزۈلسە، قان بېسىمىنى چۈشۈرىدۇ (إن شَاء الله).

ئۇنى ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىچە:

1. چاياننىڭ يېغىنى چىقىرىپ يەرلىك ئورۇن (يەنى كېسەللىك ئورنى)نى ياغلاپ بەرسە، پالەچ، لەقۋا، ئىسترخا (پەي-مۇسكۇللار بوششىپ كېتىش) ۋە بوۋاسىر قاتارلىق كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ (إن شَاء الله).

2. چايانني كۆيدۈرۈپ چاشقان مايىقى بىلەن ئېزىپ كۆزگە تارتسا، كۆزگە ئاق چۈشۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ (إن شَاء الله).

3. چايان كۈلىدىن 3 گرام، ئوغرىتىكەن 7 گرام، ھەجرۇليەھۇددىن 25 گرام ئېلىپ، سوقۇپ سوفۇپ (تالقان) قىلىپ ئىچسە، دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلايدۇ (إن شَاء الله).

4. چايانني كۆيدۈرۈپ زەيتۇن يېغىغا ئارىلاشتۇرۇپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا، چاچ چۈشۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ (إن شَاء الله).

5. چايانني تۇتۇپ قارىنىنى يېرىپ، چايان چاققان ئورۇنغا تاڭسا زەھەر قايتۇرىدۇ (إن شَاء الله).

6. ھەر خىل چاقا ۋە ئۇگاي پۈتمەيدىغان يارىلارغا چايانني كۆيدۈرۈپ چېپىلىدۇ.

كۈلىدىن 3 ~ 5 گرامغىچە ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇ ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ. ئۇنىڭ زىيىنىنى تۈزەتكۈچىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

ھاك تۇخۇم بىلەن چېپىلىدۇ؛ ياڭاق مېغىزى، ئەنجۈر، سامساق بەرگى چېپىلىدۇ؛ بېدە ئۇرۇقىنى ئېزىپ سىركە بىلەن چېپىلىدۇ؛ ئىچىدىن بۆرە سويمىسى يىلتىزى، ئەمەن، زىراۋەندە قاتارلىقلار مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ؛ كالا يېغى، قوي يېغى ئېرىتىپ چېپىلىدۇ؛ كاسىنە، ئارپا، قاپاق سۇلىرى ۋە قۇرسى كاپۇر ئىستېمال قىلىنىدۇ.